# ئۆز ساغلاملىقىنىڭ بىرىنچى مەسئۇل كىشىسى بولۇش

**يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مەن بار**
**ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ماڭا ھەمراھ**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ساغلام تۇرمۇش، بەختلىك كەلگۈسى. 32 - قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى بەس - بەستە ئۆزىدىن باشلاپ، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، ئۆز ساغلاملىقىنىڭ بىرىنچى مەسئۇل كىشىسى بولۇپ، مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش شەكلىگە ئىنتىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى بېغىشلىدى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تەنەپپۇستا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق (7) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ياڭ خۇيىي بىر پارچە كېرەكسىز قەغەزنى «يىغىۋېلىشقا بولىدىغان نەرسىلەر» دېگەن بەلگە سېلىنغان ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن بۇيان، ياڭ خۇيىي ۋە ساۋاقداشلىرى مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش شەكلى بەرپا قىلىشقا قارىتا پۈتۈنلەي يېپيېڭى تونۇشقا ئىگە بولدى. ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش داۋامىدا، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش شەكلىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچلىرىدىن بولۇشقا پائال تىرىشتى.

«ساغلام تۇرمۇش شەكلى ھاياتلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى. ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ ساغلاملىقىغا ئالدى بىلەن ئۆزىمىز مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي، ساغلام بولۇشىدا كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. تەكرار پايدىلىنىشقا بولىدىغان نەرسە سېتىۋېلىش خالتىسى ئىشلىتىش، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىشنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەش... مەن ئۆز ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە تۈرتكە بولۇپ، بىرلىكتە يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇشقا قاراپ قەدەم تاشلاشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ياڭ خۇيىي.

بىر ئىستاكان سۈت، بىر تال تۇخۇم، يەنە بادام، كىشمىش قاتارلىق قۇرۇق مېۋىلەر خوتەن شەھىرى يۇرۇڭقاش بازىرى ئېگەرچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەرەمنىسا ئىمىنتوختىنىڭ ناشتىلىقى بولۇپ، كۈندىن - كۈنگە موللاشتى.

«ئىلگىرى ئۆيىمىزدە ناشتىدا نان يەيتتۇق، چۈشلۈك تاماقتا دائىم پولۇ، لەغمەن دېگەندەك تاماقلارنى ئېتەتتۇق، نىسبەتەن بىرخىل، مايلىق ئىدى، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى يۇقىرى قان بېسىمى، قەنت كېسىلى قاتارلىق سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرمۇ ئاستا - ئاستا بىزنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، كەنت ئاھالىلىرى تەن ساغلاملىقىغا ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، بەس - بەستە ئوزۇقلۇق تەڭپۇڭ بولمىغان يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى ئۆزگەرتتى. ياڭاق، چىلان، ئۈزۈم قاتارلىقلار ئۆز يېرىمىزدىن چىقىدۇ، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىپ، يەنە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلغاندا، ئادەم خېلىلا روھلۇق بولۇپ قالىدىكەن» دېدى مەرەمنىسا.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەتىگەنلىك چېنىقىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تولى ناھىيەسىنىڭ تولى بازىرى بەگتۆبە مەھەللىسىدىكى 62 ياشلىق پارتىيە ئەزاسى ئايتكەن توختارخان ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا گېزىت ئوقۇشقا باشلىدى.

«بىز ياشانغانلار بەدەن چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق ساغلام بەدەنگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە يېڭى ئۇچۇرلارنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، ئۈزلۈكسىز پىكىر يۈرگۈزۈپ، چوڭ مېڭىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ، ھەرىكەت بىلەن تىنچ تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، روھىي ھالىتىمىزنى تۇراقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. قانداقلا بولمىسۇن ساغلام بەدەن بولغاندىلا ئاندىن بەختلىك تۇرمۇشقا قۇچاق ئاچقىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ!» دېدى ئايتكەن.

كۇنەس ناھىيەسىنىڭ شوربۇلاق بازىرى قۇمتۆپە كەنتىنىڭ 45 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ئاۋۇدەنبېك مۇلدان كونا بەڭگە ئىدى. يېقىندا بالىلىرىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئۇ تاماكا تاشلاشقا باشلىدى.

«بالىلار ماڭا بۇ ئاينىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى ئىكەنلىكىنى، ھەربىر كىشىنىڭ جەزمەن ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى، ئاندىن تۇرمۇش ئادىتىمنى ئۆزگەرتىشىمنى، تاماكا تاشلاپ، ھاراققا چەك قويۇشۇمنى تەلەپ قىلدى.» ئاۋۇدەنبېك كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: 4 - ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ، تاماكا چېكىش قېتىم سانىنى تەدرىجىي ئازايتتىم، ھازىر تاماكىغا يېقىن يولىمىغىلى ئون نەچچە كۈن بولدى.

«تاماكا چېكىش مىقدارىنى ئازايتىپ گەرچە ئەينى ۋاقىتتا ئازراق بىئارام بولغان بولساممۇ، لېكىن بەدىنىمنىڭ يۈكى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. بالىلىرىمنىڭ دېگىنى توغرا، مەن ئۆز ساغلاملىقىمنىڭ بىرىنچى مەسئۇلى، ھەربىرىمىزنىڭ ساغلاملىقىمۇ ئائىلىنىڭ بەختى» دېدى ئاۋۇدەنبېك.

**(مۇخبىر جاۋ چۈنخۇا، يېزىشقا قاتناشقان مۇخبىرلار ۋېي خۇڭپىڭ، پەرىزات ئابدۇل، چېڭ يۈيۈ، جەزىرە نېسىپبېك)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى قەشقەر توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇش قىلغۇچىلىرى ئارقاندىن پايدىلىنىپ قاغىلىق ناھىيەسى شىخشۇ يېزىسىنىڭ فوتوۋولت كەنتىگە چوڭ تور توكى يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيالارنى جىددىي توشۇۋاتاتتى.

بۇ تۆر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 11 فوتوۋولت مەمۇرىي كەنتىگە چوڭ تور توكى يەتكۈزۈش قۇرۇلۇش تۆرىنىڭ بىرى. نۆۋەتتە، تۆت كەنتكە توك يەتكۈزۈش تاماملاندى، قېپقالغان يەتتە كەنت بىردەك قەشقەر ۋىلايىتىدە بولۇپ، 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى تاماملىنىدۇ.

2019 - يىلىدىن 2020 - يىلىغىچە، دۆلەت ئېلېكتىر تورى چەكلىك شىركىتى ۋە ئاپتونوم رايون تەخمىنەن 560 مىليون يۈەن مەخسۇس تۆر مەبلىغى سېلىپ، 11 فوتوۋولت مەمۇرىي كەنتىگە چوڭ تور توكى يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، چوڭ ئېلېكتىر تورىنى ئۇزارتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مەمۇرىي كەنتلەردە توك قىس بولۇش مەسىلىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشنى ئېلېكتىر كۈچى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

زور كۆپ ساندىكى تۆمۈر مۇنارلارنى ئورنىتىش نۇقتىلىرى ئېگىز تاغ چوققىلىرى ئارىسىدا بولغاچقا، زور كۆپ ساندىكى مۇنار ئورۇنلىرىغا ئاپتوموبىل بارالمايدۇ، قۇرۇلۇشقا ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيالارنى پەقەت ئارقان تارتىش ياكى ئات - قېچىر ۋە قوتازنى ئىشلىتىش قاتارلىق ئىپتىدائىي ئۇسۇللار ئارقىلىق توشۇشقا توغرا كېلىدۇ. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، بۇ كەنتلەرنىڭ ئېلېكتىر تورى ئارقىلىق توك يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى ئومۇميۈزلۈك قاندۇرىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

### ئادەم بىلەن چارۋىلار ئايرىۋېتىلىپ ھويلىلار خۇش پۇراققا تولدى

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ چاغراق يېزىسى سۇياقسى كەنتىگە كىرىپ يىراقتا نەزەر سېلىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئۆرۈك دەرەخلىرى ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆرۈك چېچەكى كوچىسىنى ھاسىل قىلغانلىقىنى، دەرەخلەر ئاستىدىكى ئاق رەڭلىك ياغاچ رېشاتكا بىلەن قورشالغان گۈللۈكلەرنىڭ رەڭگارەڭ تۈسكە كىرگەنلىكىنى كۆردۇق.

كەنت ئاھالىسى ھۆرنىسا بەكرى ئائىلىسىنىڭ ھويلا - ئارانى پاك - پاكىز سۈپۈرۈلگەن بولۇپ، ئەتىرگۈل، تاشئالما، كاۋچۇك دەرىخى، قىزەنگۈل تىكىلگەنىدى. ھۆرنىسا پۈتۈن ھويلىغا خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان گۈللەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يىل يېڭىدىن تىككەن گۈللەر، كالا - قويلارنى يۆتكىۋەتكەندىن كېيىن ھويلا پاكىزلاشتى، گۈل ئۆستۈرۈشكىمۇ قىزىقىپ قالدىم» دېدى.

سۇياقسى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى رەخمىتۇللا ئەلى مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بۇلتۇر كەنت بىر بوش يەرنى تاللاپ باقمىچىلىق بازىسى قۇرۇپ، پۈتۈن كەنتتىكى كالا، قويلارنىڭ ھەممىسىنى تۇرالغۇ رايونىدىن باقمىچىلىق بازىسىغا يۆتكەپ مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىپ، ئىلگىرىكى ئادەم بىلەن چارۋا ئايرىۋېتىلمەسلىك ئەھۋالىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتتى. «ھويلىدا باقمىچىلىق قىلسا، مۇھىتنى بۇلغاپلا قالماي، باقمىچىلىق كۆلىمىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، كەنت ئاھالىلىرى بەس - بەستە بازىدا كالا، قوي بېقىۋاتىدۇ، كىرىمىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى» دېدى ئۇ.

ھويلىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ يەنە بىر مەنزىرىنى كۆردۇق، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئۈزۈم باراڭلىرى تۇتاشتۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۈزۈم كاردورى شەكىللەندۈرۈلۈپتۇ. كىچىك ئەگمە پارنىكتا يازلىق بەسەي، پالەك، يازلىق غولپىياز ناھايىتى بولۇق ئۆسكەن بولۇپ، يان تەرىپىدىكى سىم تور بىلەن قورشالغان بوش يەردە بىر توپ چۈجە ئەركىن دانلاۋاتاتتى.

بىر كۆكتات پارنىكى، بىر يېپىق باقمىچىلىق قوتىنى، بىر كۆكتات ئورىسى، بىر ئۈزۈم بارىڭى، بىر توپ ئۆي قۇشلىرى، ھۆرنىسا ئائىلىسىدە ئاقسۇ ۋىلايىتى پائال كېڭەيتكەن «بەش بىر» قۇرۇلۇشى، «مېۋە — كۆكتات — قۇش» ئايلانما ئېكولوگىيەلىك ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى مۇكەممەل نامايان قىلىنىپ، ھويلا - ئاران يېرى، بوشلۇقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تولۇق ئۆستۈرۈلۈپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھويلا - ئاران كىرىمى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى.

«دۆلەت 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، دېھقانلار ئۆزى 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كەنتنىڭ ئېتىز، سۇ، يول، ئورمان، تور قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلىدى.» رەخمىتۇللا مۇنداق دېدى: «مۇۋاپىق پىلانلاش ئارقىلىق، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىشىك ئالدىغا دەرەخ تىكىلدى، ھويلىسىغا گۈل تېرىلدى، ئارقا ھويلىسىدا ئۈزۈم، كۆكتات ئۆستۈرۈلدى، ئەڭ يىراق جايدا ئۆي قۇشلىرى بېقىلدى. ئەتىيازدا گۈل بار، يازدا ئوت - چۆپ بار، كۈزدە مېۋە بار، ئىلگىرىكى ھەممىلا يەردە چاڭ - توزان ئۇچۇپ تۇرىدىغان، قەيەرگىلا بارسا ئىنتايىن قالايمىقان كۆرۈنىدىغان مەنزىرە ئەمدى قالمىدى!».

### كىچىك باغچىلاردىكى يېڭى مەنزىرىلەر كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەتىگەندىلا، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ جام بازىرى تۆۋەنكى تۈمەن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سانىخان ئوسمان ھويلا ۋە ئىشىكى ئالدىدىكى يولنى بىردەمدىلا پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلىۋەتتى. ناشتىلىق تەييارلاپ بولۇپ، ئۇ يەنە ئوچاق بېشى، تاماق ئۈستىلى، پولنى بىر - بىرلەپ سۈرتتى.

بۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قۇربان سادىق مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: سۇنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، ھاجەتخانىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، ھويلا - ئارانلارنىڭ تۇرالغۇ مۇھىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كەنت ئاھالىلىرىدە ئاستا - ئاستا مۇھىت تازىلىقىنى ئاڭلىق قوغداش ئېڭى بار بولدى. ھازىر ئەتىيازلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى يېزىلاردا كەنتلەرنى تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، تۆۋەنكى تۈمەن كەنتىمۇ ئەتىيازلىق چوڭ تازىلاشقا ئاتلاندى، كەنت ئاھالىلىرى ئۆزلۈكىدىن ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينى، ھويلا - ئارانلىرى، كوچىلارنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دەرەخ شاخلىرى، ياۋا ئوت - چۆپلەر، قالايمىقان دۆۋىلەپ قويۇلغان نەرسىلەر، يىغىلىپ قالغان ئەخلەتلەر ھەمدە تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىگە چېچىلىپ كەتكەن ئەخلەتلەرنى پاكىز تازىلىدى.

ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە ئاقسۇ ۋىلايىتى 1 مىليون 140 مىڭ توننىدىن ئارتۇق يېزا ئەخلەتلىرىنى تازىلىغان. يېپيېڭى تۈسكە كىرگەن كەنت قىياپىتى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش قىزغىنلىقىنى قوزغىغان.

كەنتكە ئەڭ يېقىن بولغان 100 مو ياڭاقلىق يېنىدىكى يېزا يولى بويىدا، ھەر نەچچە يۈز مېتىر ئارىلىقتا بىردىن كىشىلەر ئارام ئالىدىغان كىچىك باغچە بار. كىچىك شىپاڭلارنىڭ شەكلى ھەر خىل، ئادەم ۋە ھايۋان ھەيكەللىرى ناھايىتى جانلىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ، تەبىئىي، ئاددىي يېزا - كەنت مۇھىتى بىلەن ئىنتايىن ماسلاشقانىدى.

«كىچىك باغچىلارنىڭ ھەممىسىنى كەنت ئاھالىلىرى ئۆزلىرى قول سېلىپ قۇرۇپ چىققان.» قۇربان مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: كىچىك باغچە قىلىنغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى بىكار، بوش يەر بولۇپ، ھەممە يەردە ئەخلەت دۆۋىلىنىپ تۇراتتى، چوڭ تازىلاشتىن كېيىن كەنت ئاھالىلىرى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، يېرىم ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ بىر - بىرلەپ كىچىك باغچىلارنى قۇرۇپ چىقتى.

شۇ كۈنى، بىر كەنت ئاھالىسى نەۋرىسىنى ئېلىپ كىچىك باغچىدا سەيلە قىلىۋاتقان بولۇپ، بالا گۈل - گىياھلار ئىچىدە خۇشال ئويناۋاتاتتى. «بۇ يەر شەھەرلەردىكى باغچىلاردىن قېلىشمايدۇ» دېدى كەنت ئاھالىسى كۈلۈپ تۇرۇپ.

### قارا، سېسىق سۇ تۈگىتىلىپ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ياخشىلاندى

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، كەلپىن ناھىيەسىنىڭ چىلان يېزىسى چىمەن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابىدە ئەمەتنىڭ ئۆيىدە سافا، شىمشكىسى كاردىۋات، تاماق ئۈستىلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇپ، ئۆي جاھازلىرى پاك - پاكىز سۈرتۈلگەنىدى. ئابىدە مۇخبىرلارنى باشلاپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى: «ئىلگىرى ئىككىمىز بۇ ئۆيدە تۇرىمىز، ئۇ بالىمىزنىڭ ياتاق ئۆيى ۋە ئۆگىنىش قىلىدىغان ئۆيى، بۇ بىز تاماق يەيدىغان تاماق ئۈستىلى.» ياتاق ئۆيدىكى شىمشكىسى كارىۋاتقا كارىۋات ياپقۇچ يېپىلغان بولۇپ، رەتلىك يىغىلغان يوتقانلارغا گۈل كەشتىلەنگەن يوتقان تېشى قاپلانغانىدى، تاماق ئۈستىلىگە داستىخان سېلىنىپ، چىرايلىق چىنە - چەينەكلەر تىزىلغانىدى.

«شۇغىنىسى تازىلىق ئۆيىنى ھازىر تېخى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.» ئابىدەنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، گەرچە ئۆيىگە سۇ بىلەن تازىلىنىدىغان تەرەت تۈگى، مۇنچا ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن پاسكىنا سۇ چىقىرىۋېتىش سىستېمىسى بولمىغاچقا، پاسكىنا سۇنى پەقەت ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى كۆكتاتلىققا ئېقىتىۋېتىشكە توغرا كېلىدىكەن، بۇنداق بولغاندا مۇھىت بۇلغىنىپلا قالماي، كۆكتاتمۇ ياخشى ئۆسەلمەيدۇ، «بىراق ناھايىتى تېزلا ئىشلەتكىلى بولىدۇ» دېدى ئۇ ئىشىك سىرتىدىكى كولىنۋاتقان يول يۈزىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەسلىدە كەنتتە پاسكىنا سۇنى چىقىرىۋېتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇۋاتقان ئىكەن. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى چاڭ لېي مۇنداق تونۇشتۇردى: پاسكىنا سۇنى چىقىرىۋېتىش سىستېمىسى پۈتكەندىن كېيىن، ھەربىر ئائىلىدە بىردىن تەكشۈرۈش قۇدۇقى بار بولىدۇ، پۈتۈن كەنتتە ئالتە گەندە كۆلچىكى بار بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھاجەتخانا پاكىز بولماسلىق، سېسىق پۇراش، قارا، سېسىق سۇ خالىغانچە ئېقىش مەسىلىسى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىنىپ، كەنتنىڭ مۇھىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بۇ يىللىقى تۈزەش نىشانى: يېزىلاردىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈزەش، يېزىلارنى پاكىز ھاجەتخانىلار بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆلگە كۆرسىتىش كەنتلىرىدە زىيانسىزلاندۇرۇلغان پاكىز ھاجەتخانىلارنى %90كە يەتكۈزۈپ، ھاجەتخانا گەندە، بۇلغىمىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىپ، بىر تۈركۈم گۈزەل، ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان كەنتلەرنى ئالدىن قۇرۇپ چىقىش.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئاساسىدا، كەنت قىياپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىپ يېڭىلايمىز» دېدى چاڭ لېي.

---

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەرىكەتتە

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەرىكەتتە» ۋەكىللەر باش تېما پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ بىرىنچى سەپتە يىلتىز تارتىش ۋە ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشنى ئۆز ھەرىكىتىدە كۆرسەتتى

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئالاھىدە ترانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر جاڭ شىن شىركەت پارتىيە كومىتېتى ئەزالىرىنى باشلاپ خوتەن شەھىرىگە كېلىپ، مەخسۇس نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ يىل 1 - پەسىلدە، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتى 6 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان - يۆلەۋاتقان ئىككى كەنتنىڭ ياڭاق پىششىقلاش كەسپى، ياغ تارتىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى، ئاچچىقسۇ زاۋۇتى، ھويلا - ئاران باقمىچىلىقى قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، ئۆستۈرۈپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

2017 - يىلىدىن باشلاپ، ئالاھىدە ترانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتى خوتەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن يورۇڭقاش بازىرى ئالتىلە كەنتى، قىرىقئېرىق كەنتىدىن ئىبارەت ئىككى ئېغىر نامرات كەنتكە نىشانلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش كېلىشىمى ئىمزالىدى، شىركەت سىياسىيدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتكەن، ئىقتىدارى كۈچلۈك، قوش تىل بىلىدىغان 14 كادىرنى ئۇزاق مۇددەت كەنتتە تۇرۇشقا تاللاپ ئەۋەتىپ نۇقتىدا بويىچە ياردەم بەردى - يۆلىدى، 2019 - يىلىغا كەلگەندە ئىككى كەنتنىڭ پۈتۈنلەي نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامرات ئاھالىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي كىرىم - پايدىسىنى ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىپلا قالماي، يەنە نامراتلارنى يۆلەشنى ئىرادە جەھەتتە يۆلەش، ئەقىل جەھەتتە يۆلەش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، چاغانتوقاي ناھىيەسى شىندى يېزىسى ئاقتۆبە كەنتىنىڭ كەنت كادىرى پەرىدە مۇختاقان ئىرادە جەھەتتە يۆلەش، ئەقىل جەھەتتە يۆلەشتىن قول سېلىپ، نامرات ئاھالىلەرنى مىكرو بىلوگ، ئۈندىداردىن پايدىلىنىپ ئۆز جايىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئات گۆشى، تۆگە سۈتى، يەرلىك توخۇ تۇخۇمى، قۇرۇت قاتارلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا يېتەكلىدى، ئاممىنىڭ توردىن ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

ئىلگىرىكى «پۇلغا يارىمايدىغان» يەرلىك خاس مەھسۇلاتلارنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق ياخشى باھادا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئاممىدا دەسلەپكى چاغدىكى قوبۇل قىلماسلىقتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىشقا ئۆزگەردى. بۈگۈنكى كۈندە، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ئاقتۆبە كەنتى پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

## نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى تەشۋىقاتى ئاممىغا ياقتى

بۈگۈنكى كۈندە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، بىڭتۇەن 1 - شىسى 13 - تۇەن 11 - لىيەنىنىڭ خىزمەتچىسى يوۋ لياڭيىڭنىڭ ئارال شەھەرلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باج تەشۋىقاتچىسى بولۇشتەك يېڭى بىر سالاھىيىتى بار بولدى.

يېقىندا، ئارال شەھەرلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كادىرى ئالايتەن يوۋ لياڭيىڭنى زىيارەت قىلىپ، ئۇ ۋە ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئەزالىرىغا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللايدىغان باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. «باج ئىشلىرى كادىرلىرىنىڭ بىزگە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى كاتتا سوۋغىسىنى يەتكۈزگەنلىكىگە رەھمەت، بۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى، مەن تۇەن - مەيداندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باجنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا مۇلازىمەت قىلىشتىكى نەتىجە - ئۈنۈمىنى كەڭ تەشۋىق قىلىمەن» دېدى يوۋ لياڭيىڭ.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما بىلەن كۆرۈشۈش، پاراڭلىشىش قاتارلىق ئاممىباب، چۈشىنىشلىك شەكىللەر ئارقىلىق، نامرات ئاھالىلەرگە كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، نامرات ئاممىغا پارتىيەنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ياخشى سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچى ۋە «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاۋات ناھىيەسى تامتوغراق بازىرىنىڭ كادىرى رەناگۈل ئابلىمىت يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. «مەن دائىم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پاراڭلىشىپ، پارتىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنى خەتمۇخەت، جۈملىمۇجۈملە چۈشەندۈرىمەن.» ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش تەجرىبىسى ئۈستىدە توختالغاندا رەناگۈل مۇنداق دېدى: «پەقەت ‹ھەممە ئائىلىگە كىرىش، ھەممە ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش، ھەممە ئائىلىنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىش›نى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن دېھقانلار رازى بولىدىغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولغىلى بولىدۇ».

## جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى پائال ئىنكاس قىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، يوپۇرغا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى نۇرمەمەت ئىمىن كۆپ قېتىم يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ سىيەك يېزىسى ئاقتىكەن كەنتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئاممىدىن كەڭ كۆلەمدە پىكىر - تەكلىپ ئالدى ھەم نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا زاكازلىق ئىشلەپچىقىرىش، كەسىپلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، دېھقانلار كەچلىك بازىرى پىلانى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى بەردى. نۇرمەمەت مۇنداق دېدى: «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆز ھەرىكىتىمدە كۆرسىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىمەن».

«نامرات رايونلاردىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېقىپ كېتىش مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپ» «يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش مۇكاپات - تولۇقلىما چارىسىنى تۈزۈپ يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ»... مۇخبىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى مەزگىلىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى كۆردى، بۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، خوشۇت ناھىيەسىنىڭ سۇخاتۇ يېزىسى شوروئېن تولفە كەنتىدىكى لى جيەنخۇا بىر دېھقان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا قارىتا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بار: «مەن بىرقانچە ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى بىلەن بىرلىشىپ خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، دېھقانلار خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، ئۈنۈم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، باشقا كەنت ئاھالىلىرىنى قوشۇلۇشقا يېتەكلەپ، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىمەن».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)